# 12523 ـ كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ شەرتلىرى

**سۇئال**

ئەگەر ئەر كىشى كۆپ ئاياللىق بولۇش شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە قۇدرىتى يەتسە، ئۇنىڭ شەرتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارچە مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسلام دىنىدا كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ بىرقانچە شەرتلىرى بار :

1– ماددى، جىسمانى تەرەپتىن قۇدرىتى يېتىشى.

2– ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشى .

كۆپ ئاياللىق بولۇش ئارقىلىق ئولتۇرۇپ قالغان قىز-خانىملارنى يامان يولدىن ساقلاپ قىلىشقا پايدىسى بار، ئۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە دائىرە كېڭىيىدۇ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىستىلى جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا تۆرتكۈلۈك رول ئوينايدۇ. (ئەمما بۇ ھۆكۈم ھەر بىر شەخسنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىتىغا قاراپ بەزىلەر ھەققىدە ئەمەل قىلىنىشى تەرغىب قىلىنسا، بەزىلەر ھەققىدە چەكلىنىشى ياخشى دەپ قارىلىدۇ.- م-)

بۇ توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر سىلەر مېھرىبان، تۇغۇمچان، تۇغۇشقا قادىر بولالايدىغان ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پايدىلىرى كۆپتۇر.

ئەمما كۆپ ئاياللىق بولۇش ئارقىلىق باشقىلار ئالدىدا پەخىرلىنىش، بەسلىشىش، پالانچى قوش نىكاھلىق دېيىلىش ئۈچۈن نىكاھلانسا، بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن نىكاھ بولۇپ ئىسراپ قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن : ئىسراپ قىلماڭلار ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

پەزىلەتلىك شەيخ بىن ئۇسەيمىيىنىڭ "پەتىۋا ئىسلامىيە" ناملىق ئەسىرى 3–توم 205بەتكە قارالسۇن.